# شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 4 - ئاي
27
دۈشەنبە
维吾尔文 4 月27日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65−0002/−W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1−57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25044 - سان بۈگۈن 4 بەت


## بۇ يىل شىنجاڭنىڭ توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك كەسپىدە تەرتىپ يېڭىدىن 80 مىڭ كىشى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدۇ

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ما يىنىڭ، جاۋ جىيۈننىڭ** 4 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئېچىلغان پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك قاتارلىق ئەمگەك كۆجۈملەشكەن كەسپلەر ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتىش يىغىنىدىن ئىگىلىنىشچە، بۇ يىل ئاپتونوم رايون توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك كەسپىدە تەرتىپ يېڭىدىن 80 مىڭ كىشى (بېكىتۈەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)نى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرىدىكەن، ئىستېمال ئېلېكترون مەھسۇلاتى ئىشلەپچىقىرىش، ئاياغ - باش كىيىم، سومكا - چامادان، ئويۇنچۇق، يالغان چاچ، خىرۇم بۇيۇم قاتارلىق ئەمگەك كۆجۈملەشكەن كارخانىلاردا يېڭىدىن 15 مىڭ كىشىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرىدىكەن.

بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ شىنجاڭنىڭ توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك قاتارلىق ئەمگەك كۆجۈملەشكەن كەسپلەرگە قارىتىلغان ئېتىبار سىياسەتلىرىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، تولۇق پايدىلىنىپ، يۇقۇمنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك قاتارلىق ئەمگەك كۆجۈملەشكەن كەسپلەرگە ئېلىپ كەلگەن زەربىسى ۋە تەسىرىنى تىرىشىپ يېڭىپ، كارخانىلارغا ياردەم بېرىش،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

# ۋەتىنىمىزنىڭ شىنجاڭى تېخىمۇ گۈزەل بولدۇ

## —— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭدا تەكشۈرۈشتە بولغانلىقىنىڭ ئالتە يىللىقى پەيتىدە

□ گېزىتىمىز تەھرىر بۆلۈمى

كوئېنلۇندا گۈللەر ئېچىلىپ، تىيانشان يېشىللىققا پۈركەندى — بۇ، باش شۇجى شى جىنپىڭ شىنجاڭدا تەكشۈرۈشتە بولغاندىن كېيىنكى ئالتىنچى باھار.

2014 - يىلى 4 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە بولغان ۋاقىتنى ئەسلەسەك، دەل مۇشۇنداق ئىللىق باھار كۈنلىرىدە، باش شۇجى شى جىنپىڭ شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈردى. ئۇ ئۇزۇن يول ئازابىغا قارىماي، تىيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدىن ھالقىپ ئۆتتى؛ ئۇ تولۇپ تاشقان چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن ئاما ئارىسغا كەلدى؛ شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقىنىڭ ئاچقۇچلۇق پەيتىدە، ئۇ يىراقنى كۆزلەپ، شىنجاڭنىڭ كەلگۈسىنى ئىستراتېگىيە ۋە پۈتۈن ۋەزىيەت يۈكسەكلىكىدىن پىلانلاپ، ۋەتىنىمىزنىڭ شىنجاڭنى بارغانسېرى گۈزەل قىلىپ قۇرۇشقا يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى ۋە ئۇنىڭغا يول باشلىدى.

ئالتە يىل ھەش - پەش دېگۈچە ئۆتۈپ كەتتى. بىراق، 2000دىن ئارتۇق بۇ كېچە - كۈندۈزدە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىلار باش شۇجىنىڭ غەمخورلۇقىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، باش شۇجىنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ۋەتىنىمىزنىڭ شىنجاڭنى بارغانسېرى گۈزەل قىلىپ قۇرۇش ئۈچۈن توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەپ، 1 مىليون 660 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان بېپايان تۇپراقتا باشتىن - ئاخىر جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش مېلودىيەسىنى ياڭرىتىپ كەلدى.

### كۆكنى لەرزىگە سالىدىغان قەسەم —— ۋەتىنىمىزنىڭ شىنجاڭنى بارغانسېرى گۈزەل قىلىپ قۇرۇش

بىر خىل غەمخورلۇق بار، ئۇ بولسىمۇ كۈچلۈك، چوڭقۇر ھېسسىيات؛ بىر خىل ئىللىقلىق بار، ئۇ بولسىمۇ كۈچ يەتكۈزۈش.

2014 - يىلى 4 - ئاينىڭ 27 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، بېيجىڭدىن شىنجاڭغا ئۇچقان مەخسۇس ئايروپىلاندا، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئۇستەل ئۈستىگە خەرىتىنى يېيىپ، شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيەلىك جايلىشىش ئەھۋالىنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىقتى. ئايروپىلان شىنجاڭ تەۋەسىگە كىرگەندە، ئۇ پات - پات ئايروپىلان دېرىزىسىدىن پەستىكى بوستانلىقلارغا، تۇتاش كەتكەن قارلىق تاغلارغا نەزەر سالدى...

بۇ، پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن كېيىن، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ بىرىنچى قېتىم شىنجاڭدا تەكشۈرۈشتە بولۇشى. ھالبۇكى، بۇ بېپايان ئاجايىپ تۇپراققا قارىتا، باش شۇجى ئازراقمۇ ناتونۇش ئەمەس. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرى، ئۇ شىنجاڭغا كەلگەن. جېجياڭدا خىزمەتلەرگە رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقان مەزگىلدە ھەم مەركەزگە بېرىپ خىزمەت قىلغاندىن كېيىنمۇ، ئۇ شىنجاڭغا كېلىپ تەكشۈرۈپ، تىيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدا ئاياغ ئىزىنى قالدۇرغان.

باش شۇجى چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن مۇشۇ تۇپراق ۋە بۇ جايدىكى خەلقنىڭ غېمىنى يەپ كەلدى. پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيى ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ بۇرغىسىنى چالدى، باش شۇجى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئۇلۇغۋار نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شىنجاڭ خىزمىتى پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتى پۈتۈن ۋەزىيىتىدە ئالاھىدە مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنغا ئىگە. ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش، جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، جەزمەن ۋەتىنىمىزنىڭ شىنجاڭنى ياخشى قۇرۇش، ياخشى تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك.

شۇ قېتىمقى شىنجاڭغا سەپەر قىلغان قىسقىغىنا تۆت كۈن ئىچىدە، جەنۇبىي شىنجاڭدىن شىمالىي شىنجاڭغىچە، شەھەرلەردىن يېزا - كەنتلەرگىچە، باش شۇجىنىڭ سەپەر مۇساپىسى زىچ ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى قوغداش، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىش، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، يېتەكچىلىك قىلىپ، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىغا يېڭى نىشان بېكىتىپ بەردى، شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدا يېڭى ئورۇنلاشتۇرما قىلدى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە —— يېڭى دەۋر، يېڭى نەتىجە، يېڭى سەھىپە

## تىيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالى يېشىللىققا پۈركەندى ئېكولوگىيە توسۇقى پۇختىلاندى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لىيۇ دۆڭلەي**

4 - ئايدىكى ئوچۇق ھاۋا، مەيىن شامالدا تىيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالى باھاردىكى يېڭى يېشىللىقنى كۈتۈۋالدى. 3 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، توقسۇن ناھىيەسى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىنىپ، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئەتىياز پەسلىلىك ئورمان بىنا قىلىش پائالىيىتى تەدرىجىي قانات يايدۇرۇلدى. يىلمۇيىل كۆچەت تىككەن كىشىلەر كۆچەتلەر بىلەن بىللە باھارنىڭ كېلىشىنى كۈتۈۋالدى، ئۇلاردا كۆپ يىل تىرىشىش ئارقىلىق، بوستانلىقلار بارغانسېرى ھاياتىي كۈچكە تولدى، شىنجاڭنىڭ سۈنئىي ئورمان بىنا قىلىش ئىدىيەسىمۇ ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلەپ، تەبىئىيلىك بىلەن بارغانسېرى يېقىنلاشتى.

### قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش يېشىل سېپىل بەرپا قىلىش

كۆكيار گۈل دېڭىزىغا ئايلانغانىدى، شاخلار ئارىسىدا ئۇچۇپ يۈرگەن ھەسەل ھەرىلىرى ھەربىر تۈپ مېۋىلىك دەرەخنى جۇشقۇن ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلغانىدى. «بۇ يەردىكى ئورمان بىنا قىلىش مۇۋەپپەقىيەتلىرى كىشىنى قايىل قىلىدۇ، چوڭقۇر تەتقىق قىلىشقا ۋە كېڭەيتىشكە ئەرزىيدۇ» دېدى 4 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق ئىدارىسى ئېكولوگىيەنى قوغداش، ئەسلىگە كەلتۈرۈش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى ياڭ جىيەنمىڭ.

نەچچە ئون يىلدا ئىلگىرىكى چۆل - جەزىرە كۆكياردا بىر تۈپ يالغۇز دەرەخ قاتار - قاتار، رەت - رەت ئورمانغا ئايلاندى. ئالاھىتەن ھازىرغىچە قالدۇرۇپ قويۇلغان ئىككى جىلغىمۇ يېشىل ئوت - چۆپلەر بىلەن تولۇق قاپلىنىشقا ئاز قالدى. بۈگۈنكى كۈندە، بۇ جاي شىنجاڭدىكى سۈنئىي ئورمان بىنا قىلىش ۋاقتى ئەڭ ئۇزاق، كۆلىمى ئەڭ چوڭ رايونلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

1998 - يىلى، ئاقسۇ شەھىرى ئاھالىسى خۇاڭ چۈنفېڭنىڭ دادىسى ئالەمدىن ئۆتتى، ئاقسۇدىكى چۆل - باياۋاننى كۆكەرتىش قۇرۇلۇشىنىڭ تۇنجى ئەۋلاد قاتناشقۇچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ بوۋاي ئالەمدىن ئۆتۈشتىن ئىلگىرى ئۆزىنى كۆكيارغا دەپنە قىلىشنى تەلەپ قىلغانىدى. «دادام ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتايلى

## تۈر قۇرۇلۇشلىرى ئىش باشلاش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى سېلىنمىنىڭ تۈرتكە بولۇش سالمىقى زور بولدى

يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش، خىرىس ئىچىدىن پۇرسەت ئىزدەش

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **شى شىن** خەۋەر قىلىدۇ: بۇ يىل ئاپتونوم رايون «قۇرۇلۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئىش باشلاش، زاپاس ساقلاش»تىن ئىبارەت ئۈچ ھالقىنى چىڭ كۆزلەپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ تۈرلەردە ئىش باشلاش، ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇپ، ئۈنۈملۈك سېلىنمىنىڭ ئاچقۇچلۇق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ تەكشى، مۇقىم، ساغلام تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى. دۆلەت ئىستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىچە، 1 - پەسلىدە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ تۇراقلىق مۈلۈك سېلىنمىسى (دېھقانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) ئالدىنقى يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 5.2% ئېشىپ، ئېشىش سۈرئىتى ئالدىنقى يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 14.3 پىرسەنت پوئىنت يۇقىرى، پۈتۈن مەملىكەتنىڭكىدىن 21.3 پىرسەنت پوئىنت يۇقىرى بولغان بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە 1 - ئورۇندا تۇرغان.

4 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرى خېماچۈەن يېڭى رايونى سۇجوۋ يولىنىڭ شەرققە ئۇزارتىلغان بۆلىكى بىلەن شەرقىي 2 - ئايلانما يولىنىڭ پۈتۈن مۇساپىلىك ئۆزئارا تۇتىشىدىغان ئۆتكۈنمە كۆۋرۈكى قۇرۇلۇشىنىڭ قۇرۇلۇش مەيدانىدا بېدە يوپۇرمىقى شەكلىدىكى كۆۋرۈك گەۋدىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللىنىپ، نەق مەيداندا شەرقىي 2 - ئايلانما يولىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدىغان پولات سادۇقسىمان لىم ئېسىپ قۇراشتۇرۇلدى. پىلان بويىچە، 7 - ئاينىڭ ئاخىرىدا بۇ قۇرۇلۇشنى شەرقىي 2 - ئايلانما يولى بىلەن تۇتاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ.

تۈر قۇرۇلۇشى قىلغۇچى تەرەپ تىنچ ئوكيان قۇرۇلۇش گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى مۇنداق تونۇشتۇردى: 3 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن باشلاپ، ئۆتكۈنمە كۆۋرۈك كۆۋرۈكنىڭ ئالدىن ياسالغان لىمنى قويۇش ۋە پولات سادۇقسىمان لىمنى كەپشەرلەش ئاچقۇچلۇق ئىش تەرتىپىگە كىردى. بۇ تۈر تاماملانغاندىن كېيىن، خېماچۈەن يېڭى رايوننىڭ يول تورى ئاساسىي گەۋدىسىنى بەرپا قىلىپ، رايوننىڭ سىرت بىلەن بولغان ئالاقىسىدىكى مۇھىم يولغا ئايلىنىپ، تەۋەلىك رايوننىڭ ئالاقىسىنى تېخىمۇ قويۇقلاشتۇرىدۇ.

بۈگۈنكى تۈر دەل ئەتىكى تەرەققىيات. 1 - پەسلىدە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە قۇرۇلۇش قىلىنىۋاتقان تۈر 2000غا يېتىپ،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

«بىر يان تېلېفون بىلەن شىنجاڭنى ساياھەت قىلىش» سۈپىسى قۇرۇلۇشى مەخسۇس تېمىلىق يىغىنى ئېچىلدى

## سۈپا قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، ئاقىل ساياھەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاڭ يەنفاڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 4 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، «بىر يان تېلېفون بىلەن شىنجاڭنى ساياھەت قىلىش» سۈپىسى قۇرۇلۇشى مەخسۇس تېمىلىق يىغىنى ئېچىلدى، يىغىندا سۈپا قۇرۇلۇشىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات قاتارلىقلار ئاڭلاپ ئۆتۈلۈپ، مۇناسىۋەتلىك قۇرۇلۇش خىزمىتى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

«بىر يان تېلېفون بىلەن شىنجاڭنى ساياھەت قىلىش» تورى ساياھەتچىلەرنىڭ شىنجاڭغا كېلىش جەريانىدا ئېرىشكەن ئۇچۇرلىرىنىڭ ۋاقتىدا، ئەتراپلىق بولماسلىقى قاتارلىقلارنى ھەل قىلىشنى كىرىش نۇقتىسى قىلىپ، ساياھەتچىلەرگە مۇلازىمەت قىلىشنى مەركەز قىلىپ، «ساياھەتتىن ئىلگىرىكى، ساياھەت جەريانىدىكى، ساياھەتتىن كېيىنكى» ئەقلىي ئىقتىدارلىق ئۇچۇرلاشتۇرۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىدۇ. «بىر مەركەز، ئىككى سۈپا» يەنى ساياھەت چوڭ سانلىق مەلۇمات مەركىزى ۋە ئاقىل ساياھەت باشقۇرۇش سۈپىسى، ساياھەتچىلەرگە مۇلازىمەت قىلىش ھەم ماركېتلىق سۈپىسى بەرپا قىلىنىپ، شىنجاڭنىڭ ئاقىل ساياھەت سىستېمىسى قۇرۇلۇپ، «بىر يان تېلېفون بىلەن شىنجاڭنى ساياھەت قىلىش» ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ. سۈپا يېقىندا تورغا چىقىرىلىپ تىجارەت باشلايدۇ.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)



## كۆركەم گۈلى ئېچىلىپ ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلدى

**4 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، ساياھەتچىلەر شىربېنگوۋ مەنزىرە رايونىدا كۆركەم گۈللەرنى تاماشا قىلماقتا. ئۈرۈمچى شەھىرى شىمگۇ رايونىنىڭ 5 - نۆۋەتلىك «ئاشۇ گۈل دېڭىزى» تاغ گۈلى ساياھەت پەسلى پائالىيىتى شىربېنگوۋ مەنزىرە رايونىنىڭ خۇڭخۈەن گۈل دېڭىزىدا باشلانغاندىن بۇيان، نۇرغۇن ساياھەتچىنى تاماشا قىلىشقا جەلپ قىلدى.**

□ جاڭ شيۈكې فوتوسى

ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مەخسۇس تېمىلىق يىغىنى ئېچىلدى

## يۈكسەك سىياسىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن بىرلا غەيرەتكە كېلىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ جىيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 4 - ئاينىڭ 26 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مەخسۇس تېمىلىق يىغىنى ئېچىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، قەتئىي ھالدا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەرەللىدە يۇقىرى سۈپەتلىك غەلىبە قىلىشقا قارىتا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى، تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى لى پېڭشىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: ھەقىقىي تۈردە «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

## شىنجاڭدىكى تۇنجى ئېگىز ئېگىزلىك ئايرودرومدا قۇرۇلۇش باشلاندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ما يىنىڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 4 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، قېزىش ماشىنىسىنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازىغا ئەگىشىپ، تاشقورغان پامىر ئايرودرومىدا ئومۇمىيۈزلۈك قۇرۇلۇش باشلاندى، بۇ، شىنجاڭدىكى تۇنجى ئېگىز ئېگىزلىك ئايرودرومى.

تاشقورغان ئايرودرومى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسى ناھىيە بازىرىنىڭ 13 كىلومېتىر جەنۇبىدا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 3252 مېتىر ئېگىز. ئىگىلىنىشچە، دېڭىز يۈزىدىن 2438 مېتىر (ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)دىن يۇقىرى ئېگىزلىكتىكى ئايرودرۇم ئېگىز ئېگىزلىك ئايرودرومى دەپ ئاتىلىدىكەن. نۆۋەتتە دۆلەت ئىچىدە ئىشلىتىلىۋاتقان ئېگىز ئېگىزلىك ئايرودرومدىن 15ى بار، قۇرۇلۇۋاتقان ئايرودرومدىن ئىككىسى بار (تاشقورغان ئايرودرومىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، تاشقورغان ئايرودرومىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 14 - ئورۇندا تۇرىدۇ.

تاشقورغان ئايرودرومى دۆلەت، خەلق ئاۋىياتسىيە ئىدارىسى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ «13 - بەش يىل»دىكى نۇقتىلىق ئايرودروم قۇرۇلۇش تۈرى، ئايرودرومغا 1 مىليارد 630 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ، قۇرۇلۇش مۇددىتى ئۈچ يىل بولۇپ، 2022 - يىلى 5 - ئايدا تىجارەتكە كىرىشتۈرۈلۈشى مۆلچەرلەنمەكتە.

تاشقورغان ئايرودرومى قۇرۇلۇشى قۇرۇلۇش قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ قوماندانى لياۋ جېڭجۈن مۇنداق تونۇشتۇردى: تاشقورغان دېڭىز يۈزىدىن ئېگىز، يەر شەكلى مۇرەككەپ، ساپ بوشلۇق شارائىتى ناچار، ھاۋا كىلىماتى ناچار، لايىھەلەش خادىملىرى شىنجاڭ، چىڭخەي قاتارلىق رايونلاردىكى ئېگىزلىك ئايرودروملىرىنىڭ

(ئاخىرى 4 - بەتتە)